يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# تارىم داشۆنى پۈتكۈزگەن 70%كە يېقىن ئوقۇغۇچى جەنۇبىي شىنجاڭدا يىلتىز تارتتى

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سەپتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ④

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **پەرىزات ئابدۇل** خەۋەر قىلىدۇ: «ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مېنىڭ مۇشۇ يەردە قېپقېلىپ، ئۆگەنگەن كەسپىم ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇم بار.» 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئارال شەھىرىدىكى تارىم داشۆدە، خېبېي شىڭتەيدىن كەلگەن سۇچىلىق، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شۆبىۋەنىنىڭ 4 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى بو گۇاڭشو كەلگۈسى پىلانى توغرىسىدا توختىلىپ، مۇخبىرغا بىر نەچچە يىللىق داشۆ تۇرمۇشى جەريانىدا توغراق بىلەن قاپلانغان بۇ تۇپراقنىڭ ئۆزىنى چوڭقۇر جەلپ قىلىۋالغانلىقىنى ئېيتتى.

62 يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۈگۈنكى كۈندە 95 - يىللاردا تۇغۇلغان داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى يېرىم ئەسىر ئىلگىرىكى قەدىمىي چۆل - باياۋان، قۇملۇقنىڭ چېتى، توغراقلىقتا جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغان ئاشۇ «توغراق ياشلىرى» بىلەن ئوخشاش تاللاش قىلدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مەكتەپ قۇرۇلغان 62 يىلدىن بۇيان، تارىم داشۆ جەمئىيەت ئۈچۈن 70 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ بەرگەن، ئۇلارنىڭ 68.5%ى جەنۇبىي شىنجاڭدا يىلتىز تارتقان، ئىچكىرى رايونلاردىن كەلگەن 52% ئوقۇغۇچى شىنجاڭدا قېلىپ خىزمەت قىلغان. بۇ يەر شىنجاڭنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش مۇھىم بازىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش بۆشۈكى بولۇپ قالدى.

1958 - يىلى 10 - ئايدا، دۆلەتنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرانى مۇداپىئە قىلىش ئىشلىرى ۋە تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنى ئېچىشنىڭ تۈرلۈك ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئەينى چاغدىكى دۆلەت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ جېن جياڭجۈنىڭ غەمخورلۇقىدا، تارىم داشۆ ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلدى. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاسمان يېپىنچا، يەر سېلىنچا، دالا دەرسخانا قىلىندى؛ قولغا قەلەم ئېلىنىپ، ئوتنغۇچ مۈرىگە ئارتىلىپ، ئەسىر زېمىنغا پۈتۈلدى. دەل مۇشۇنداق جاپالىق شارائىتتا، مەكتەپ «جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىش، توختىماي ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى بېغىشلاش» ماھىيەتلىك مەزمۇن قىلىنغان توغراق روھىنى يېتىلدۈردى. 62 يىلدىن بۇيان مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تۈركۈم - تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار كېلىشىۋالغاندەكلا ئوقۇش پۈتكۈزگەندە قېپقېلىپ شىنجاڭنى قۇرۇشنى تاللىدى.

پەيزاۋات ناھىيەسى قىزىلسۇ يېزىسىنىڭ باش لىغلىدىما كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى فەن شياۋكاك تارىم داشۆ قوللىنىشچان خىمىيە كەسپىنى 2016 - يىلى پۈتكۈزگەن بولۇپ، ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان.

«كەنتىمىزدىكى 150 مو شىنمىيدىن بۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، سېتىش سوممىسى 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى». فەن شياۋكاك مۇنداق دېدى: خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن مەن دائىم مەكتەپ تور بېكىتىدە تېرىقچىلىق تېخنىكىسى جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆگەندىم، «پەن - تېخنىكا خاس ۋەكىلى بىلەن ئۇدۇللاشقاندىن كېيىن، بەزى تېخنىكىلارنى شىنمىي تېرىقچىلىقىدا قوللاندۇق.» بۇ يىل مەن يەنە تارىم داشۆنىڭ يېزا تەرەققىيات كەسپى بويىچە خىزمەتتىكى ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم.

«يېزا ئىگىلىك»نى چىقىش قىلىش، بىخ سۈرۈپ يوپۇرماق چىقىرىش. بۈگۈنكى كۈندە، تارىم داشۆ دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش ئورنى، ھوقۇق بېرىش نۇقتىسى قۇرۇلۇشدا «نۆل» ھالەتنى بۆسۈپ ئۆتتى؛ مەكتەپ مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ باھالىشىدا باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى، مەكتەپ بىڭتۇەن ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقى بىرلىكتە قۇرغان ئالىي مەكتەپ بولۇپ قالدى.

تارىم داشۆ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاۋ گۇاڭخۇي مۇنداق دېدى: «بىز دىققەتنى داۋاملىق جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېھتىياجىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پەن كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەيمىز، ئەلالاشتۇرىمىز. ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىدىغان، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان تېخىمۇ كۆپ يېڭى دەۋردىكى چېگرانى مۇداپىئە قىلىش ئىختىساسلىقلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرىمىز».



9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، تارىم داشۆ ھايۋانات ئىلمى شۆبىۋەنىنىڭ ئاسپىرانتلىرى تەجرىبە ئىشلىمەكتە. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

(بېشى 1 - بەتتە)

مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەۋى تونۇش بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئىشەنچ، ئىرادە چىڭىتىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇر تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇندى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇقىملىق، ئىسلاھات، تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشىغا، يېڭى نەتىجە - ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭ تېببىي داشۆسى، قەشقەر داشۆ، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى، شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ تىيانشان كەسپىي تېخنىكا داشۆسى، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىكى مەسئۇل يولداشلار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇر تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ يادروسى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئارقىلىق مەكتەپنى قاتتىق ئىدارە قىلىش، ئوقۇتۇشنى قاتتىق ئىدارە قىلىش، ئوقۇشنى قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياخشى پارتىيە ئىستىلى ئارقىلىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى ياخشىلاپ، مەكتەپ ئىستىلىنى تۈرغۈزۈپ، پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى مەكتەپ ئىدارە قىلىشنى ئىلمىيلەشتۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي جەريانىغا سىڭدۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ھەم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ كەم - كوتىسىز ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپ ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانى، ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باشتىن - ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەكتەپنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشنى مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپ ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسىي ماھارەت قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يارقىن ئاساسىي رېڭىنى مۇستەھكەملەش، يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن ئاساسنى پۇختىلاش، روھنى تاۋلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى مائارىپ خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش، ئوقۇتۇشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ماھارەتكە ئايلاندۇرۇپ، توغراق روھى ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، چېگرانى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتە نامايان قىلىش، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە نامايان قىلىش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارى ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىجادچانلىقى، ئۇيۇشۇشچانلىقى، جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. كۈندىلىك نازارەت قىلىشنى پۇختا قىلىپ، ئىنچىكە قىلىپ، ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىپ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى سىجىل كۈچەيتىپ، ئىشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئىلگىرىلەپ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يېڭى تەدبىر قوللىنىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەش خاراكتېرى، قىممەت جەھەتتىن يېتەكلەش خاراكتېرىنى داۋاملىق يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن خادىملار بويىچە ئومۇمىي جەريانلىق، ھەر تەرەپلىمە ئادەم تەربىيەلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەت سىستېمىسىنى پەن سىستېمىسى، ئوقۇتۇش سىستېمىسى، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى سىستېمىسى، باشقۇرۇش سىستېمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، مەكتەپلەردىكى بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تۈزەشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەكتەپلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، ئوقۇتۇشنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش بىلەن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەركىزىي خىزمىتىدە «ئورتاق پىلانلاش، ئورتاق ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، ئورتاق ئالغا سىلجىتىش، ئورتاق تەكشۈرۈپ باھالاش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە ۋە ئادەم تەربىيەلەش مۇھىتىنى سىجىل بەرپا قىلىپ، تىرىشىپ خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

## دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىلدى
## نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدا ھەممە ئادەم يۈگۈردى

خوتەن ۋىلايىتى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، مەملىكەت بويىچە «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ بىرى، ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچى مەملىكەت بويىچە 334 ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر ئىچىدە ئاخىرقى ئورۇندا تۇرىدۇ، رايون ۋە ئىقتىسادقا تەۋە «قوش يېگانە ئارال» بولۇپ، يېزىلارنىڭ نامراتلىق دائىرىسى كەڭ، مىقدارى چوڭ، دەرىجىسى چوڭقۇر.

پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايىتى جەزمەن سۈرئەتنى تېزلىتىپ يۈگۈرۈپ، نامراتلىق قورغىنىغا بىرمۇبىر ھۇجۇم قىلىشى كېرەك.

«مەن ئىلگىرى يەر تېرىشنىلا بىلەتتىم، كۆڭلۈم ناھايىتى غورىگىل ئۆتەتتى. ھۆكۈمەت بىزنىڭ ئۆيگە كۆپ قېتىم كادىر ئەۋەتىپ، مەندىن نېمە قىلىشنى بىلىدىغانلىقىمنى، نېمە قىلالايدىغانلىقىمنى، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى سورىدى، مەن كەنتتىكى قارا توخۇ چۈجىسى يېتىشتۈرۈشنى ھۆددىگە ئالدىم، كۆڭلۈم كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېدى كېرىيە ناھىيەسى شەنبە بازار بازىرى سىكداشمان كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بۇمەرەمخان مەتتۇردى.

خوتەندە ھەربىر ياردەم بەرگۈچى - يۆلىگۈچى كادىرنىڭ كۆڭلىدە بىر ئېنىق ھېسابات بار: قايسى ئائىلىنىڭ قانچىلىك ئەمگەك كۈچى بار، قايسى ئائىلىنىڭ باقمىچىلىق ئەۋزەللىكى بار، قايسى ئائىلە تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشكە موھتاج... ئۇلار مۇنداق دېدى: پەقەت ھەربىر ئائىلىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئېنىقلىۋالغاندىلا، ئاندىن ياردەم بېرىش - يۆلەشنى دەل جايىدا قىلغىلى بولىدۇ، كېسەلگە قاراپ دورا بەرگىلى بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتى مەسئۇلىيەت، سىياسەت، خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى خىرە نۇقتا ۋە قاراڭغۇ بۇلۇڭلارنى ئومۇميۈزلۈك تۈگىتىپ، مۇكەممەل بولغان تۆت دەرىجىلىك نامرات نوپۇس ئۇچۇر ماتېرىيال ئامبىرى قۇردى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش خىزمەت سىستېمىسى، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» بويىچە نۇللەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى تۈزۈپ يولغا قويدى. 2020 - يىلى ۋىلايەت، ناھىيەلەر ۋۇشىسكا ئېبىسپ كەنتلەرگىچە جەڭ قىلىپ، بىر كەنتتە بىر لايىھە، بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر، بىر ئادەمگە بىر ئىش ئورنى بولۇشنى يولغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا بىرمۇ ئائىلە چۈشۈپ قالماسلىق، بىرمۇ ئادەمنى قالدۇرۇپ قويماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

تۈرلۈك قاراتمىلىق تەدبىرلەر نامراتلارنىڭ «كېسەل يىلتىزى»نى نىشانلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنىڭ خوتەندە دەل جايىدا بولۇشىغا، ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

### كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى
### نامرات ئاھالىلەرنىڭ «ھەمىيىنى» تومپايدى

«بۇ 100 توشقان يەنە يېرىم ئايدىن كېيىن كاتەكتىن چىقىدۇ!» ھەر كۈنى سەھەردە، قاراقاش ناھىيەسى يېڭىيەر يېزىسى قۇميالاق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەرەم ئابدۇراھمان ئارقا ھويلىسىدىكى قاما توشقان باقمىچىلىق ئۆيىگە بېرىپ توشقان كاتەكنى تازىلايدۇ، «2017 - يىلى مەن يەنىلا نامرات ئاھالە ئىدىم، بۈلتۈر قاما توشقانى باقتۇق، ئېرىمنىڭ يەنە ئېتىز باشقۇرۇش خىزمىتى بار بولدى، بۇ يىللا بىز نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىدۇق!»

«كەسىپنى تۇتۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش، تەرەققىياتنى كۆزلەش» ئومۇمىي تەپەككۇرى بويىچە، خوتەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ئادەتتىن تاشقىرى تەدبىرلەر ئارقىلىق، باشلامچى كارخانىلارنى كەنتلەرگە كېڭەيتىپ، ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈپ كەسىپلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كەسىپنى پۈتۈن قاپلاش، ھەممە ئائىلە پايدا ئېلىشنى پۈتۈن قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ھەممە كەنتتە كەسىپ بار بولدى، ھەممە ئائىلىنىڭ كىرىمى بار بولدى. «ناھىيەدە باشلامچى كارخانا بولۇش، يېزىدا كۆلەملىك كارخانا بولۇش، كەنتتە ھەمراھ زاۋۇت بولۇش، ئائىلىدە ھۈنەرخانا بولۇش»تىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسى چۆرىدەپ، خوتەن ئەمگەك كۈچ جۇملەشكەن كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جەمئىي 900دىن ئارتۇق چاچ بۇيۇملىرى، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك قاتارلىق تۈرلۈك كارخانىلارنى كىرگۈزۈپ، 893 نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇردى، كەنت ئاھالىلىرى ئۆيلىرىدىن چىقىپ زاۋۇتلارغا كىردى، بۇنىڭ بىلەن 257 مىڭ ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

خوتەننىڭ ئىسسىقلىق بايلىقى مول، كېچە - كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، خاس يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور ئەۋزەللىككە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خوتەن ئۆزگىچە باغ - ئورمان، كۆكتات، ھويلا - ئاران ۋە ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىدە «تۆت 400 مىڭ مو + 100 مىڭ مو» كۆلەمنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامرات كەنتلەرنىڭ يېتەكچى كەسپى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرىدىغان تۈرلىرىنى پۈتۈن قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «يۈزمىڭ، مىليون، ئون مىليون» دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك يېتەكچى كەسىپ تۈپلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، 500 مىڭغا يېقىن نامرات نوپۇسنىڭ كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى. نۆۋەتتە، ۋىلايەت بويىچە ئەمگەك ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېرىلگەن ئائىلىلەر، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى مۇقىم بولمىغان ئائىلىلەر، نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئاسانلا نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە بىردىن يېتەكچى كەسىپ، بىردىن ئادەم مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كەسىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىر - بىرىگە تىرەك بولىدىغان «قوش كاپالەت» شەكىللەندۈرۈلدى.

### ماھارەت بويىچە تەربىيەلەندى
### ئاممىنىڭ بېيىش ئىشەنچى تولۇق ئاشتى

«بۈگۈن يېڭى كۆكتاتلار ئەڭ تېز سېتىلدى!» 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتە، خوتەن ناھىيەسىنىڭ قاشتېشى يېزىسى قاراڭغۇ تاغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇرسۇنبانۇ قادىر بىر تەرەپتىن كۆكتات تاللاش، كۆكتات يۇيۇش بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن مالاتاك قايىنتىش بىلەن تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

2019 - يىلى، جۇڭگو كۆمۈرچىلىك گۇرۇھى شىنجاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى شۇ جىلىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، بىر يىلدا بىرنەچچە قېتىممۇ تاغدىن چىقالمايدىغان ئائىلە ئايالى تۇرسۇنبانۇ خوتەن ناھىيەسىگە كېلىپ ئاشپەزلىك تېخنىكىسىنى ئۆگەندى، ئۆگىنىپ كەنتكە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ مالاتاك سودىسى قىلىپ، تۇنجى ئايدىلا 4000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپتى.

نامرات ئاممىنىڭ ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ماھارىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايىتى «نامراتلارنى يۆلەش + ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش + ئەقلىي جەھەتتىن يۆلەش»نى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنى تەربىيەلەش + كارخانا ئەمەلىي مەشقلەندۈرۈشتىن ئىبارەت «قوش تەربىيەلەش»نى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى، كەپشەرلەش قاتارلىق 37 تەربىيەلەش كەسپىنى تەسىس قىلىپ، نامرات ئاممىنى ھەر تەرەپلىمە تەربىيەلەپ، ھەربىر نامرات ئائىلىدىن ئاز دېگەندە بىر ئەمگەكچىنىڭ بىر ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، شۇ يەردىكى كارخانىلارنى ئەمەلىي مەشقلەندۈرۈلگەن خادىملارنى قوبۇل قىلىشقا يېتەكلەپ، ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ماھارەت تىپىدىكى ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

بارغانسېرى كۆپ نامرات ئەمگەك كۈچى ماھارەتكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىگە تېخىمۇ ئىگە بولدى.

«بۇرۇن كىرىمىم تۆۋەن ئىدى، ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى كەسپىدە بىلىم ئاشۇرۇش ئارقىلىق مەن ھازىر زاۋۇتتىكى ‹ئالتۇن مېداللىق رېمونتچى› بولدۇم، بىنا ئۆي ۋە ئاپتوموبىل سېتىۋالدىم، تۇرمۇشۇم ناھايىتى بەختلىك!» 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ زاۋا يېزىسى توپچا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇخەبەر ئابدۇكېرىم تولۇق ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى: ماھارەتكە ئىگە بولۇپ بېيىش ئىشەنچىم ئاشتى.

قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايىتى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە «بىر تاختا شاھمات»بولۇپ، «بىرىكمە مۇشت» ئېتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش - ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكى، نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىشىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئىلگىرى ئېتىزدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان دېھقان - چارۋىچىلار تەدرىجىي ھالدا بىر خىل ماھارەت ئىگىلىگەن سانائەت ئىشچىلىرىدىن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى، ئىلگىرىكى مەينەت، قالايمىقان، قالاق نامرات كەنت گۈزەل يېڭى كەنتكە ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، خوتەندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىدىيەسى ئۆزگەردى، نەزەردائىرىسى كېڭەيدى، قانۇن ئېڭى يېتىلدى، ئەمگەك ماھارىتى ئۆستى، ئۇلار گۈزەل يېڭى تۇرمۇش يولىدا جاسارەت بىلەن ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياك كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)